بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 20- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى نىڭ ئەرشتىن ۋە كۈرسىتىن بىھاجەت ئىكەنلىكىگە، ئەرشكە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە مۇھتاج بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكىگە بەلكى ئەرش ۋە كۈرسىنىڭ الله تعالى نىڭ قۇدرىتى ۋە كونترول قىلىشى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە الله تعالى نىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقانلىقىغا، الله نىڭ ھەر ئىككىلا قولىنىڭ ئوڭ ئىكەنلىكىگە ۋە ئوچۇق ئىكەنلىكىگە ھەمدە خالىغانچە چىقىم قىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَنْ تَسْجُدَ لِمَا خَلَقْتُ بِيَدَيَّ﴾ «الله ئىبلىسقا: <ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى> دېدى» (سۈرە ساد 75- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللَّهِ مَغْلُولَةٌ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا بِمَا قَالُوا بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنْفِقُ كَيْفَ يَشَاءُ﴾ «يەھۇدىيلار: <الله نىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)> دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە الله نىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ» (سۈرە مائىدە 64- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى نىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە بۈيۈكلۈكىگە لايىق رەۋىشتە ھەممىنى بىلىدىغانلىقىغا؛ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، ئىززەتلىك ئىكەنلىكىگە؛ ھەممىشە ھايات ئىكەنلىكىگە؛ سۆزلەش، ياخشى كۆرۈش، رەھىم قىلىش، غەزەپ قىلىش، ئۆچ كۆرۈش، رازى بولۇش، كۈلۈش، ئاڭلاش، كۆرۈش، مۆئمىن بەندىلىرى بىلەن بىللە بولۇش سۈپىتى بارلىقىغا؛ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە بۈيۈكلۈكىگە لايىق رەۋىشتە پۇتى ۋە پاچىقى، قولى، يۈزى ۋە كۆزى بارلىقىغا «تَكْيِيف» قىلماستىن (يەنى الله تعالى نىڭ مەزكۇر سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن) ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇلار الله تعالى نىڭ مەزكۇر سۈپەتلىرىدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شەرىفتە كەلگەن باشقا سۈپەتلىرىگىمۇ ھەم «تَكْيِيف» قىلماستىن (يەنى شەكلىنى بايان قىلماستىن) ئىمان كەلتۈرىدۇ چۈنكى الله تعالى بىزگە «كَيْفِية»نى (يەنى سۈپەتلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە ۋە قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى) خەۋەر قىلمىغان.

الله تعالى نىڭ مەزكۇر سۈپەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان دەلىل مانا بۇ ئايەتلەردۇر:

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ لَا تَخَافَا إِنَّنِي مَعَكُمَا أَسْمَعُ وَأَرَى﴾ «الله ئېيتتى: <سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە. (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن>» (سۈرە تاھا 46- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)، (قىيامەت كۈنى) سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر» (سۈرە ئەنفال 24- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

سۈرە ئەنفالدىكى «ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىمام بۇخارى رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسىگە چاقىرسا ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار». ئىمام بۇخارى رحمه الله يەنە ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللا رضي الله عنه نىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: [مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ﷺ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (مېنى) چاقىردى، مەن نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. پەيغەمبەر ﷺ: «(مەن سېنى چاقىرغان ۋاقىتتا) نېمە ئۈچۈن دەرھال قېشىمغا كەلمىدىڭ؟ الله تبارك وتعالى: <ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار> دېمىدىمۇ!؟» دېدى. ئاندىن: «مەن مەسجىدتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ساڭا چوقۇم قۇرئاندىكى ئەڭ كاتتا سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى. بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭغانىدى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىنى ئەسلەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ (يەنى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ كاتتا سۈرە) بولسا ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾دۇر، ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرىدۇر» دېدى].

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «﴿لِمَا يُحْيِيكُمْ﴾ — سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىگە، يەنى (ھەققە) چاقىرسا ئىجابەت قىلىڭلار دېگەن بولىدۇ». قەتادە: «قۇرئانغا چاقىرسا ئىجابەت قىلىڭلار دېگەن بولىدۇ چۈنكى قۇرئاندا نىجاتلىق ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا دالالەت باردۇر» دېدى.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ﴾ <ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرنى ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىگە چاقىرسا ئىجابەت قىلىڭلار> دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — الله سىلەرگە خارلىقتىن كېيىن ئەزىزلىك، ئاجىزلىقتىن كېيىن قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان؛ كاپىرلارنىڭ سىلەرنى خارلىشىدىن توسۇپ قالىدىغان جىھادقا چاقىرسا ئىجابەت قىلىڭلار> دېگەن بولىدۇ».

بۇ ئايەتكە بېرىلگەن تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ توغرىراقى تۆۋەندىكى تەپسىردۇر: «ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدىغان ھەققە چاقىرسا ئىتائەت قىلىپ ئىجابەت قىلىڭلار دېگەن بولىدۇ چۈنكى <ھەق> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى — دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا ئىجابەت قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈمىگە چاقىرسا ئىجابەت قىلىش دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەققە ئىجابەت قىلغان ھەرقانداق بەندە دۇنيا-ئاخىرەتتە ھەقىقىي ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ دۇنيادا (ئۆلمەيدىغان) ياخشى ئىش-ئىزلىرى قالىدۇ، بۇ ئىش-ئىزلار ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ھاياتلىقتۇر ئەمما ئاخىرەتتە بولسا ئۇ بەندە جەننەتلەردە ئەبەدىي ياشاشتىن ئىبارەت ھەقىقىي ھاياتقا ئېرىشىدۇ» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

الله تعالى نىڭ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ﴾ «بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ» دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: «الله مۆئمىن بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا ۋە كۇفرى بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ئەنەس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى زات، قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!> دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. بىز: <ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن ھەققە ئىمان كەلتۈردۇق، بىزدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟> دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ﷺ: <ھەئە! ھەقىقەتەن قەلبلەر الله نىڭ ئىككى بارمىقى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ الله ئۇنى ئۆرۈپ تۇرىدۇ> دېدى» (ئەھمەد توپلىغان).

يەنە بىر ھەدىستە ئۇممۇ سەلەمە رضي الله عنها مۇنداق دەيدۇ: [پەيغەمبەر ﷺ: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى زات، قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قەلبلەر ئۆزگىرىپ تۇرامدۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، الله ياراتقان ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبى الله نىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، الله خالىسا ئۇنى تۈزلەيدۇ، خالىسا ئېگىۋېتىدۇ شۇڭلاشقا بىز رەببىمىز الله تىن قەلبلىرىمىزنى ھىدايەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئازدۇرۇۋەتمەسلىكىنى ۋە بىزلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىنى سورايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ كۆپ نېئمەت بەرگۈچى زاتتۇر» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئۆزۈمگە ئوقۇيدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويامسەن؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بولىدۇ، <ئى مۇھەممەدنىڭ رەببى الله! قەلبىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قەلبىمدىن غەزەپنى كەتكۈزۈۋەتكىن، مېنى ھاياتلا قويساڭ ئازدۇرغۇچى پىتنىلەردىن ساقلىغىن> دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن!» دېدى (ئەھمەد توپلىغان)] («مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

«﴿وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾ <(قىيامەت كۈنى) سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر> دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — ئى مۆئمىنلەر! بىلىڭلاركى، الله ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولغىنىدەك سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ئىگە بولۇشقىمۇ قادىردۇر، الله قەلبلەرگە سىلەردىن بەكرەك ئىگە بولغۇچىدۇر، سىلەر قىيامەت كۈنى الله تەرەپكە قايتىسىلەر. قىيامەت كۈنىدە الله ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، يامان ئىش قىلغۇچىنى يامانلىق بىلەن جازالايدۇ. الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى سىلەرنى بۇيرۇغان ياكى سىلەرنى چەكلىگەن نەرسىلەرنى زايە قىلىۋېتىشتا الله تىن قورقۇڭلار. الله نىڭ ئەلچىسى سىلەرنى ھەقىقىي ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىگە چاقىرسا ئىجابەت قىلماسلىقتىن قورقۇڭلار. الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئىجابەت قىلماسلىق — الله نىڭ غەزىپىنى ۋاجىب قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن شۇ سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى يىغىلغاندا الله نىڭ قاتتىق ئازابىغا قالىسىلەر» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رجلاً قالَ للنبي ﷺ: أوصني، قال: «لا تَغْضَبْ» فردّد مِراراً، قال: «لا تَغْضَبْ» (البخاري).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ گە: «ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قويغىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «غەزەپلەنمە» دېدى. ئۇ كىشى قايتا سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «غەزەپلەنمە» دېدى (بۇخارى توپلىغان).

يەنە بىر نەقىلدە، مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن لېكىن (ۋەسىيەتنى) كۆپ قىلىۋەتمىگىن» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «غەزەپلەنمە» دېدى.

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەققىدە ئىبنى رەجەب ھەنبەلى مۇنداق دەيدۇ: [بۇ كىشى كۆپ بولۇپ قالسا يادقا ئالالماسلىقىدىن قورقۇپ ئۇنى يادقا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ دىن ياخشىلىقنى يىتەكلەيدىغان قىسقىغىنا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا غەزەپلەنمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى بۇ سوئالنى پەيغەمبەر ﷺ دىن بىر نەچچە قېتىم تەكرار سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە بۇ جاۋابنى ھەم تەكرار قايتۇرۇپ بەردى. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنداق تەكرار جاۋاب بېرىشى ھەقىقەتەن غەزەپ قىلىش — بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى ۋە غەزەپتىن ساقلىنىش — بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ھېلىقى كىشى مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ﷺ تەكرار-تەكرار: <غەزەپلەنمە> دېگەن ۋاقىتتا، مەن: <غەزەپلىنىش ھەرقانداق يامانلىقنى جۇغلايدىكەن> دەپ ئويلاپ قالدىم».

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «غەزەپلىنىش ھەرقانداق يامانلىقنىڭ ئاچقۇچى».

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەككە: «بىزگە ياخشى ئەخلاقنى بىر كەلىمىدىلا جۇغلاپ

(ئاخىرى 2- بەتتە)





# جىھاد چەشمىلىرى



■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 2- ئاي ئىچىدە كاپىرلارغا سالغان زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:

تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 9 نى ئۆلتۈرۈپ، 4 نى يارىلاندۇرغان. ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىدىن 576 سىنى ئۆلتۈرۈپ، 440 نى يارىلاندۇرغان. قۇندۇزنىڭ ئارچى رايونىدا 1 دانە تىككۈچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن. برونېۋىكتىن 8 نى، ھاممېر تىپلىق ئەسكىرىي ماشىنىدىن 73 نى، ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىدىن 4 نى ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللاردىن 60 قا يېقىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 2- ئاينىڭ 12- كۈنى سۈرىيىنىڭ جەنۇبىي دەرئا ۋىلايىتىدە باشلانغان «ئۆلۈم خارلىقتىن ياخشى» ناملىق جەڭ ئەمەلىيەتلىرىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ مۇجاھىدقېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇچرىغان تالاپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

12 نەپەر مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 96 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان. 2 دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن. 2 دانە تراكس، 2 دانە شالاكا ماشىنىسى ۋە 3 دانە تانكا ۋەيران بولغان. 5 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن بولۇپ، بۇ جەڭ ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

■ 3- ئاينىڭ 3- كۈنى يەمەننىڭ ئەنسارۇششەرىئە مۇجاھىدلىرى ھەزرەمەۋت ۋىلايىتى داۋئەن رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 1 نەپىرى يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى كارتا مەئلەمىين رايونىدا مۇئەللىم مىرۋەلى ئىسىملىك بىر نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ نائىبىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 3- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى نىش رايونىنىڭ بازىرى ۋە نىيازو ئىسىملىك بىر نەپەر مەسئۇل تۇرۇشلۇق مەركەزگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 4 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە قورال-ياراقلارنى غەنىيمەت ئالغان. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى بولسا نىش رايونىدىكى چوڭ مەركىزىگە قېچىپ كېتىپ، 40 قا يېقىنى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان. ھازىر مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز مەزكۇر رايوننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، جەڭ ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

■ 3- ئاينىڭ 7- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىدىكى جەبەلمەئەرا، راشىدىن... قاتارلىق بىر قانچە نۇقتىلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن ئەسەد ئارمىيىسى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ، 10 نەچچە نەپەر ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 8- كۈنى مىسىردىكى «مىسىر سەۋائىد ھەرىكىتى» مۇجاھىدلىرى مۇھەممەد زىينى ئىسىملىك بىر نەپەر ئىستىخبارات خادىمىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان. مەلۇم بولۇشىچە، مۇھەممەد زىينى ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كۆپ زۇلۇملارنى سالغان ئىكەن.

■ 3- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلغا جايلاشقان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئەلچىخانىسىغا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى كۆپلىگەن زىيانلارغا ئۇچراتقان.

■ 3- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى جۇمە بازار رايونىدا راز مۇھەممەد ئىسىملىك بىر نەپەر مۇرتەد مەسئۇلنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 3- ئاينىڭ 9- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيە بىلەن چېگرىداش بولغان سىرىرا ۋە ئىشاكان رايونلىرىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 4 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 9 نەپىرى يارىلانغان، 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 3- ئاينىڭ 10- كۈنى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە رۇسىيىنىڭ كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملىرى ئولتۇرغان بىر تىككۈچار ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ، 4 نەپەر رۇس كارخانا باشقۇرغۇچىسى ئۆلگەن.

■ 3- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ زابۇل ۋىلايىتى سىيئورى رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 9 نەپەر مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي مەسئۇللىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان. كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 3- ئاينىڭ 12- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرىدىن 2 نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقىنىڭ باب سەغىر رايونىدا شىئە ئەسكەرلىرىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بىرىنچى قېتىملىق ئەمەلىيەت ئىران ۋە ئىراق رافىزىي كاپىرلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى قەبرىگە چوقۇنۇش ئۈچۈن ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقاندا ئېلىپ بېرىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئەمەلىيەت بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى جايلاشقان ئورۇنغا ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە 150 كە يېقىن شىئە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ 15 نەپىرى دۆلەت مۇداپىئە خادىملىرى ئىكەن.

■ 3- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى يىغىلغان بىر مېھمانخانىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئۇلاردىن 30 ى ئۆلۈپ، 40 قا يېقىنى يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ مەسئۇلى، بىر نەپەر گېنېرال ۋە سابىق پارلامېنت ئەمەلدارلىرى قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۆچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

### سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| كَيْفَ | قانداق |
| حَالٌ | ئەھۋال |
| بِخَيْرٍ | ياخشى |
| مِنْ | دىن، تىن |
| أَيْنَ | قەيەر |
| هَلْ | مۇ؟ |
| نَعَمْ | ھەئە |
| مَعَ | بىللە |
| السَّلَامَةُ | سالامەتلىك |
| مُهَنْدِسٌ | ئىنژېنېر |
| جِنْسِيَّةٌ | دۆلەت تەۋەلىكى |
| أَهْلاً وَسَهْلاً | قارشى ئالىمىز |

### جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| كَيْفَ حَالُكَ؟ | قانداق ئەھۋالىڭىز؟ |
| بِخَيْرٍ، وَالحَمْدُ لِلَّهِ | ياخشى، الله قا شۈكرى |
| مَا اسْمُكَ؟ | ئىسمىڭىز نېمە؟ |
| مِنْ أَيْنَ أَنْتَ؟ | سىز قەيەردىن؟ |
| أَنَا مِنْ تُرْكِسْتَانَ الشَّرْقِيَّة | مەن شەرقىي تۈركىستاندىن |
| هَلْ أَنْتَ مِنْ سُورِيَةَ؟ | سىز سۈرىيىلىكمۇ؟ |
| نَعَمْ، أَنَا مِنْ سُورِيَةَ | ھەئە، مەن سۈرىيىلىك |
| مَعَ السَّلَامَةِ | سالامەت بولۇڭ |
| هُوَ مُهَنْدِسٌ | ئۇ ئىنژېنېر |
| مَا جِنْسِيَّتُكَ؟ | سىز قايسى دۆلەتتىن؟ |
| أَنَا مِنْ تُرْكِيَا | مەن تۈركىيىدىن |
| أَهْلاً وَسَهْلاً | قارشى ئالىمىز |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## جىگەرنى ياغ قاپلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

تەرخەمەك، تۇرۇپ، تەكچى كاۋا، پالەك، تاتلىقياڭيۇ، باش پىياز، سامساق، ئاچچىق كاۋا، كاۋا، سەۋزە، يېسىۋىلەك، پىدىگەن، نىلۇپەر، سۇ ياڭىقى، پەمىدۇر، ئۈسۈك قاتارلىق يېشىل كۆكتاتلاردا ۋىتامىن، سېللۇلوزا، ئانئورگانىك تۇز ۋە مىكرو ئېلېمېنتلار مول بولۇپ، ھەر كۈنى 500 گرام كۆكتات ئىستېمال قىلغاندا قاندىكى ياغ ۋە قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ جىگەرنى ياغ قاپلاشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (إن شاءالله).



موگۇ، پايپاقلىق موگۇ، قىشلىق موگۇ، پىڭگۇ قاتارلىق باكتېرىيە تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر يۇقىرى ئاقسىللىق، تۆۋەن ياغلىق يېمەكلىكلەر بولۇپ، تەبىئىي ۋىتامىنلىق ساغلاملىق يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار قاندىكى ياغ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، كالتسىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جىگەرنى ياغ قاپلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە.

سېرىق پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، قارا پۇرچاق، ماش قاتارلىق پۇرچاق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان پۇرچاق شىرنىسى، پۇرچاق ئۇيۇتمىسى، پۇرچاق تالقىنى قاتارلىقلار ئادەم بەدىنىدىكى ئاقسىلنىڭ ئەڭ ياخشى مەنبەسى بولۇپ، جىگەرنى ياغ قاپلاش، قاندىكى ياغ مىقدارى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ (إن شاءالله).

لامىنارىيە (خەيدەي)، يىلان بېلىق، بېلىقنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى، ئېتىز قۇلۇلىسى قاتارلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى جىگەردىكى ياغ چۆكمىلىرىنى تۈگىتىپ، جىگەرنى ياغ قاپلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ (إن شاءالله).

# سەبىيلەر سەھىپىسى



1. تۆۋەندىكى سەرەڭگە تېلى سولدىن ئوڭغا قارىتا چوڭدىن كىچىككە بولغان (يەنى 4،3،2،1) تەرتىپ بويىچە تىزىلغان، سىز پەقەت ئۈچ تال سەرەڭگە تېلىنى يۆتكەش ئارقىلىق سولدىن ئوڭغا قارىتا كىچىكتىن چوڭغا بولغان (يەنى 1،2،3،4) تەرتىپ بويىچە تىزالامسىز؟



2. بۇ تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟





بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە،
لەپىلدەيدۇ بىر بايراق.
ئوتتۇز ئىككى ئەسكەرلەر،
قوغدايدۇ ئۇنى ھەر ۋاق.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. تۆۋەندىكى ئۆزۈك سىزىق بىلەن كۆرسىتىلگەن ئىككى تال سەرەڭگە تېلىنى ئېلىۋەتسەكلا بولىدۇ.




2. چاچ.

(بېشى 1- بەتتە)

بەرگىن» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «غەزەپلىنىشنى تاشلاش» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدەك، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەي ياخشى ئەخلاقنى «غەزەپنى تەرك ئېتىش» دەپ تەپسىرلىدى.

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم سۇلايماننىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى ئەبۇ ئابدۇللا! ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قويغىن> دېگەنىدى، ئۇ: <غەزەپلەنمە> دېدى. ھېلىقى كىشى سۇلايمانغا: <سەن مېنى غەزەپ قىلماسلىققا بۇيرۇدۇڭ لېكىن مېنى مەن ئىگە بولالمايدىغان ئىشلار چىرمىۋالىدۇ> دېدى. سۇلايمان: <ئەگەر غەزەپ قىلىپ قالساڭ تىلىڭ بىلەن قولۇڭغا ئىگە بولغىن> دېدى».

تىلى ۋە قولىغا ئىگە بولۇش بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەزەپلەنگەن كىشىگە ئولتۇرۇۋېلىش، يېنىچە يېتىۋېلىش ۋە شۈك تۇرۇۋېلىش قاتارلىقلارغا بۇيرۇغانلىقىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله: «ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىش، غەزەپلىنىش ۋە تەمە قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشى ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» دېدى. «أَسْأَلُكَ كَلِمَةَ الْحَقِّ فِي الْغَضَبِ وَالرِّضَا» «ئى الله! مەن سەندىن، غەزەپلەنگەن ۋە رازى بولغان ۋاقىتتىمۇ ھەق سۆزلەشنى سورايمەن» (ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن) دېيىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئالىرىدىندۇر. بۇنىڭ مەنىسى — ئىنسان غەزەپلەنگەندىمۇ ۋە رازى بولغاندىمۇ پەقەت ھەقنىلا سۆزلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشتۇر چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر غەزەپلەنگەندە گەپ-سۆزلىرىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ (يەنى ھەرىكەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ)] («جامع العلوم والحكم»دىن ئېلىندى).

ئىبنى ئۇسەيمىن بۇ ھەدىسكە تۆۋەندىكىدەك شەرھى بەردى: «ۋەسىيەت دېگەن — مۇھىم بىر ئىشقا ئەھدە قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ﷺ الله ئەززە ۋە جەللەنىڭ بۇ ئۈممەتكە ۋە بۇ ئۈممەتتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرگە قىلغان <تەقۋالىق> توغرىسىدىكى ۋەسىيىتىدىن <غەزەپلەنمىگىن> دېگەن سۆزىگە يۆتكەلدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن (الله ياخشى بىلىدۇ) كۆپ غەزەپلىنىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى شۇڭلاشقا ئۇ كىشىگە <غەزەپلەنمىگىن> دېگەن سۆزى بىلەن ۋەسىيەت قىلدى. غەزەپلىنىشتىن توسۇش دېگەنلىك — ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئەتلىرىدىن بولغان بىر تەبىئەتتىن توسۇش دېگەنلىك ئەمەس بەلكى غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئاشۇ غەزەپ تەلەپ قىلغان نەرسىگە ئۆتۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە نەپسىڭنى تۇتۇپ قالغىن دېگەنلىكتۇر چۈنكى غەزەپ بولسا شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قەلبىگە تاشلايدىغان چوغدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن غەزەپلەنگەن كىشىنى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن ھالەتتە كۆرىسەن. بەزىدە غەزەپ قىلغان سەۋەبلىك ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ ئاقىۋەتتە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ كىشىگە قىلغان ۋەسىيىتى — شۇ كىشىگە ۋە شۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغانلارغا ئومۇمىيدۇر» («شرح الأربعون النووي»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەبۇ رافىئە رضي الله عنه يەنە مۇنداق دەيدۇ: گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار چوقۇم پەرىشتىلەردۇر» دېدىم. ئەبۇ لەھەب قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئېڭىكىمگە قاتتىق بىرنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئېتىلدىم، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى، ئاندىن ئاستىغا بېسىپ ئۇرغىلى تۇردى، ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمىدى. بۇ چاغدا ئۇممۇلفەزلى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىنىڭ ياغاچلىرىدىن بىر بالداقنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەبنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ئۇنى يارىلاندۇردى ۋە: «ئۇنى خوجايىنى يوق دەپ بوزەك قىلماقچىمۇ سەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەب ئوسال ۋە خار ھالەتتە قايتىپ كەتتى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ شۇنىڭدىن يەتتە كۈن كېيىن ئەدەس كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلدى. ئەدەس كېسىلى ئەرەبلەر شۇم پال ئالىدىغان بىر خىل قەبىھ جاراھەت كېسىلى ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئەۋلادلىرىمۇ تاشلىۋەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈكى 3 كۈن شۇ پېتى تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى بولماي كىشىلەر ئۇنى ئۆلگەن يېرىگە يېقىن بىر جايغا ئورەك كولاپ تاياق-توقماقلار بىلەن ئىتتىرىپ، تاش-كېسەكلەر بىلەن كۆمۈۋەتتى.

مەككىلىكلەر بەدر جېڭى مەيداندىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى مانا مۇشۇنداق خورلۇق ۋە قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە ئاڭلىدى ھەممە بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى ھەتتا ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشال بولۇپ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلۈكلەرگە يىغلاشنى ۋە مەرسىيە ئوقۇشنى چەكلىدى. ھەممىدىن قىزىق بولغىنى شۇكى، مەككىلىك ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىب دېگەن كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ھەممىسى بەدردە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلىغا يىغلاپ مەرسىيە ئوقۇپ كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى يېنىكلىتىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەما كىشى ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ بىر ئايالنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاكىرىغا: «دەرھال بېرىپ يىغلاشقا رۇخسەت قىلىنىپتىمۇ ئۇقۇپ كەلگىن، مەنمۇ (ئوغلۇم) ئەبۇ ھەكەم ئۈچۈن يىغلىۋالاي، مېنىڭ ئىچ-باغرىم كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن چاكار بېرىپ: «ئۇ دېگەن تۆگىسى يوقاپ كەتكەن ئايال ئىكەن، شۇنىڭغا يىغلاۋېتىپتۇ» دەپ كەلگەندە، ئەسۋەد ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنۇ مەرسىيىنى ئوقۇدى:

تۆگەڭ ئازغانغا يىغلامسەن ئۆزۈڭنى قىلىپ بىدار،
تۆگە ئەمەس بەدرگە يىغلاش كېرەككۇ زارۇ-زار.
بەنى ھەسىيس ۋە مەخزۇم، ئەبۇلۋەلىد جەمەتى،
بەدردە بولدى ھالاك، ئۇلار ئەمەسمىدى زەردار.
يىغلاشقا كېرەك بولسا يىغلاڭ سىز ئۇقەيلىمگە،
ھارىسقا ئوقۇپ مەرسىيە ئىش-ئىزىنى قىلىپ ئىزھار.
ھەممىگە يىغلاش كېرەك نامىنى قىلىپ تەسمىي،
بولۇپمۇ ئەبۇلھەكەم تەڭداشسىز ئىدى زىنھار.
ئۇلاردىن كېيىن بۇ دۇنياغا خوجا بولدى يوچۇن ئەللەر،
ئەگەر بولمىسا بەدر بۇلار بولماس ئىدى سەردار.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

❃❃❃❃❃❃❃

# پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

**رەيھان** (رَيْحَانٌ)

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت-ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت-پاراغەت، رەيھان (يەنى ئەتىر ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان ياخشى رىزىق) ۋە نازۇ-نېمەتلىك جەننەت بولىدۇ» (سۈرە ۋاقىئە 88- ئايەت). يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇيى ئۇسۇملۈكلەر بار» (سۈرە رەھمان 12- ئايەت).

«سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمگە رەيھان (يەنى ئەتىر ۋە ئېپار دېگەندەك خۇشپۇراق نەرسىلەر) تەقدىم قىلىنسا ئۇنى قايتۇرمىسۇن. ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشبۇي» (5844- ھەدىس).

«ئىبنى ماجە»دە ئۇسامە ئىبنى زەيد رضي الله عنه زەيد ئىبنى ھارىس رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «جەننەتكە كىرىشكە يەڭ تۇرۇپ تەييار بولغانلار بارمۇ؟ جەننەتتە ھېچقانداق خەتەر يوقتۇر. كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، جەننەت دېگەن چاقناپ تۇرغان نۇردۇر، يەلپۈنۈپ تۇرغان رەيھانگۈلدۇر، كۆركەم قەسىردۇر، ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭدۇر، پىشىپ كەتكەن خورمىدۇر، چىرايلىق ۋە گۈزەل ئايالدۇر، كەڭرى ئېسىل تاۋار-دۇردۇنلاردۇر، كەتكەن قورۇدا مەڭگۈلۈك تۇرۇشتۇر، چەكسىز نېمەتلەر ئىچىدە خۇشال-خورام ياشىشتۇر...» ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بىز يەڭ تۇرۇپ تەييارمىز» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «<الله خالىسا> دەڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «الله خالىسا» دېدى (4332- ھەدىس).

رەيھان — ھەرقانداق خۇشپۇراق ئۆسۈملۈككە قارىتىلغان. ھەر بىر يۇرتنىڭ رەيھانگۈلى ئوخشىمايدۇ. ماراكەشلىكلەر «ئاس» دەپ ئاتايدىغان، دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئاق گۈللۈك خۇشپۇراق نوتا ئۆسۈملۈكنى ئەرەبلەر «رەيھان» دەپ قارايدۇ. ئىراق ۋە شام خەلقى «ھەبەق» ئىسىملىك گۈلنى «رەيھان» دەپ قارايدۇ.

رەيھانگۈلىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ مۇزلاتقاندىن كېيىن ھۆل قىلىپ پۇراش ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تۈت خىل مەنپەئەت بار بولۇپ، ئۇيقۇنى كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى سەپرادىن بولغان يۆتەلنى ۋە قورساق ئاغرىقىنى توختىتىدۇ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ، سەۋدا كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ (إن شاءالله).

❀❀❀❀❀❀❀



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### 4 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنىڭ ئىسىملىرى

خاۋارىجلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. خاۋارىج (يەنى چىققۇچىلار). بۇ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىسىم بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن بۇ ئىسىمنى ئۆزلىرىگە قوبۇل كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنكار قىلىشىدۇ. يەنى ئۇلار الله تعالى نىڭ: «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە نىسا 100- ئايەت) دېگەن ئايىتىدىكى «چىقسا» دېگەن سۆزنى مەدھىيە ئېتىبارى بىلەن قوللىنىپ ئۆزلىرىنى «بىز خاۋارىج في سبيل الله (يەنى الله يولىدا چىققۇچىلار)» دەپ ئاتايدۇ لېكىن «ئۇلار دىنىدىن چىقىدۇ» دېگەن ھەدىستىكى «دىنىدىن، جامائەتتىن ۋە ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەر» دېگەن ئىسىمنى ئىنكار قىلىشىدۇ.

2. ھەرۇرىيە (يەنى ھەرۇرالىقلار). بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىققان ۋاقىتتىكى كۇفە شەھىرىگە يېقىن بىر جاينىڭ ھەرۇرا دېگەن ئىسمىغا مەنسۇپ قىلىنىپ، ھەرۇرىيە دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، ئىمام مۇسلىم خاتىرىلىگەن 335- ھەدىستە: «ھەيزدار نېمە ئۈچۈن نامازنىڭ قازاسىنى قىلماي روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ؟» دەپ سورىغان ئايالغا ئائىشە رضي

(ئاخىرى 3- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى
20- سان ھىجرىيە: 1438/06/19 مىلادىيە: 2017/03/17

(بېشى 2- بەتتە)

الله عنها: «سەن ھەرۇرالىق ئوخشىمامسەن؟!» دېگەن سۆزىدە بۇ ئىسىمنى قوللانغان.

3. شىرات (يەنى ساتقۇچىلار). بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ماختىنىدىغان ئىسىمدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىسمىغا سۈرە تەۋبىنىڭ «شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى» دېگەن 111- ئايىتىدىكى «سېتىۋالدى» دېگەن سۆزنى قوللىنىپ تۇرۇپ «بىز جانلىرىمىزنى ۋە ماللىرىمىزنى الله قا ساتقۇچىلار (يەنى شىراتلار)» دەپ ئاتىۋالغان.

4. مارىقەلەر (يەنى چىققۇچىلار). بۇ ئىسىم خاۋارىجلارنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان چۈنكى بۇلارغا «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن «ئۇلار ئوق ئوۋنىڭ بۇ تەرىپىدىن كىرىپ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كەتكەندەك دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ «مروق (چىقىپ كېتىش)» دېگەن كەلىمىسى ماس كېلىدۇ.

5. مۇھەككىمە، يەنى تەھكىم (ئەلى رضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنه بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاس رضي الله عنه نى ھۆكۈم قىلدۇرۇش)گە قارشى چىققۇچىلار ياكى «ھۆكۈم قىلىش الله قا خاس!» دەپ داۋراڭ سالغۇچىلار. مانا بۇ ئېنىقلىما كۈچلۈكرەك.

«ھۆكۈم قىلىش الله قا خاس!» دېگەن بۇ سۆز ھەق سۆز لېكىن خاۋارىجلار بۇ سۆز ئارقىلىق باتىلنى مەقسەت قىلغان. خاۋارىجلار دائىم مانا مۇشۇنداق دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئۆزلىرىگە شۇئار قىلىۋالىدۇ.

6. ناۋاسىب (يەنى تىكلىگۈچىلەر). ئۇلار ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه غا ئاداۋەت تىكلەشتە قاتتىق كۆچىگەنلىكتىن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

7. نەھرىۋانلىقلار. ئۇلار ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه بىلەن نەھرىۋاندا ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

8. مۇكەففىرە (يەنى تەكفىرچىلەر ياكى كاپىرغا چىقارغۇچىلار). ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىگە مۇخالىپ بولغان مۇسۇلمانلارنى دەلىلسىز كاپىرغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىسىم ناھەق كاپىرغا چىقىرىشنى ئۆزىگە مەنھەج (يول) قىلىۋالغان ھەر قانداق كىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

9. سەبەئىيە (يەنى سەبەئىيلەر). خاۋارىجلار پىتنىسىگە ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ دېگەن يەھۇدىي ئوت ياققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇ ئىسىم بىلەنمۇ ئاتالغان.

10. شەككاكىيە (يەنى كۆپ شەك قىلغۇچىلار). ئۇلار ئەلى رضي الله عنه غا: «سەن ئۆزۈڭنىڭ خەلىپىلىكى ھەققىدە بىزنى شەكلەندۈردۈڭ ۋە دۈشمىنىڭنى ئۆزۈڭگە ھۆكۈم قىلغۇزدۇڭ» دېگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، خاۋارىجلار «مارىقە» دېگەن ئىسىمدىن باشقا بارلىق ئىسىملاردىن پەخىرلىنىدۇ.

### 5 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

ئىسلام ئۈممىتى تارىخىدا نۇرغۇن ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، بۇ ھادىسىلەر ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى گۇرۇھ-گۇرۇھلارغا، پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈپ تاشلىدى. كۆپىنچە جەڭلەر مۇسۇلمانلار ئىچىدە يۈز بەردى. ئىسلام دەسلەپكى مەزگىلدىلا قاتتىق قارشىلىقلارغا ۋە ۋەيران قىلغۇچى دولقۇنلارغا دۇچار بولدى. بۇ دولقۇنلارنىڭ مەقسىتى ئىسلامغا قارشى دىنىي ۋە مىللىي ئۇنسۇرلار ئارقىلىق ئىسلامنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ۋە يوقىتىش بولسىمۇ لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما، ئىسلام دۈشمەنلىرى شۇنداق مەغلۇپ بولغان تۇرۇقلۇق خاتىرجەم تۇرۇشى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ غاپىللىق پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇ ئۇنسۇرلار (يەنى ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى ئامىللار)نىڭ مەخپىي سۇيىقەستلىرى سەۋەبلىك كۆپلىگەن پىتنە-ئىغۋالار مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى ئېتىرقىدى. نەچچە 10 مىڭلىغان مۇسۇلمانلار ئەلى رضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ھەققانىي خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رضي الله عنه ئۆزىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرگە مۇنۇ سۆزنى قىلىپ راست ئېيتقان ئىدى: «الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭلار، مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ دوست بولۇپ ئۆتەلمەيسىلەر، مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالمايسىلەر ۋە مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ بىرەر دۈشمەنگە بىرلىكتە ئۇرۇش ئاچالمايسىلەر» («البداية والنهاية» 7- توم 184- بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



## بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

2. ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش. بۇنداق بولغاندا ئامېرىكا تەرەپ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايتتى بىراق ئىراق ئارمىيىسى بۇنداق قىلالمايتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىرلەشمە ئارمىيە ئىراق ئارمىيىسىگە قارىغاندا زور ھاۋا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 3000 دىن ئارتۇق مەخسۇس ھۇجۇمچى ئايروپىلانى، 1500 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى ھەربىي ئايروپىلانى بار ئىدى. ئىراق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بولسا ئون نەچچە يىل بۇرۇن رۇسلاردىن سېتىۋالغان، پەقەت ئۇچۇشقىلا يارايدىغان ھۇجۇمچى ئايروپىلانلىرى ۋە يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان



سىنارەدلىرى بار ئىدى. ئىراق ئارمىيىسىنىڭ رادار سىستېمىلىرىمۇ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرى ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ھالەتتە ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىرلەشمە ئارمىيە بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى بولغان «ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش»كىمۇ يېتىپ بولغان ئىدى.

3. مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش. يەنى، چوڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر ئورۇنغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كېتىش.

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسمى 270 دانە زامانىۋى تانكىسى ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتىكى ئىراق ئارمىيىسى كۈچلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قۇملۇق ئارقىلىق كەربالاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. كەربالادىن باغدادقىچە پەقەت 40 مىللا كېلەتتى. يەنە بىر بۆلەك ئامېرىكا ئارمىيىسى كۇۋەيتتىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسىدىن يولغا چىقىپ ئىراق ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم مۇداپىئە نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان ناسىرىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئاندىن بۇ قىسىم ناسىرىيىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ دىۋانىيە بىلەن قۇتقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىرلەشمە ئارمىيىگە تەۋە بولغان ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۆز ئالدىغا بەسرەگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. يەنى، «مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش»مۇ ئاساسەن ئەمەلگە ئېشىپ بولدى.

4. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئورۇنلىرىغا تېز سۈرئەتتە ئىچكىرىلەپ زەربە بېرىش.

دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئورۇنلىرىغا تېز سۈرئەتتە ئىچكىرىلەپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئەسكەر ۋە لازىمەتلىكلەرنى ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق داۋاملىق ئىچكىرىلەپ يۆتكەشكە باشلىدى.

5. چوڭ كۈچ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيىسى باغدادنى كونتروللۇقىغا ئالدى. باغداد ئايرودرومىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانىنىڭ ئاخىرقى قەدىمى بولغان «چوڭ كۈچ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»نىڭ ئەمەلگە ئېشىش بولغانلىقى ھېسابلىناتتى.

ئامېرىكىلىق ئانالىزچى بىرۇز ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا قوللانغان ئۇرۇش پىلانى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قېتىمقى جەڭدە ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىراق ئارمىيىسى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم سۈرئىتى ئالدىدا قايمۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى». بىراق بۇ پىلاننىڭ ئىككى كەمچىلىكى بار بولۇپ، ئۇلار:

1) ئىراق ئارمىيىسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى. ئامېرىكا ئارمىيىسى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىراق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋېتىش خەۋپى بار ئىدى بىراق ئىراق ئارمىيىسى بۇ جەھەتتە ئامېرىكىغا ھېچقانداق خەۋپ پەيدا قىلالمىدى.

2) ئالدىنقى سەپ لازىمەتلىكلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمەسلىك خەۋپى. ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئاز ساندىكى ئارمىيە كۈچى ئارقىلىق يىراق ئارىلىقتا ئىلگىرىلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق تولۇقلاندى. يەنى تومىنىڭ جەڭ پىلانىدا ھەربىي تېخنىكا ئارقىلىق ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

لازىمەتلىك يەتكۈزۈش جەريانىدا ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى ئاز بولمىغان پىدائىيلىق ھۇجۇمىنىڭ زەربىلىرىگە ئۇچرىدى بىراق بۇ ئەمەلىيەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش پىلانىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان ۋىكتور رېنۇئارت مۇنداق دەيدۇ: «ئارقا سەپ لازىمەتلىكلىرىنى يۆتكەش جەريانىدا ماشىنىلىق قىسىملىرىمىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى بىراق بۇ ھۇجۇملار تەمىنات قىسمىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، بىز ئۆزىمىزگە كېلىدىغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيمىز». لېكىن، ئەمەلىيەت بۇ كاپىرنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ناسىرىيىدە ئامېرىكا كاپىرلىرىنىڭ بىر تەمىنات قىسمى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. بىر قىسىم ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۆلدى ۋە يەنە بىر قىسىملىرى ئەسىرگە ئېلىندى. بۇلاردىن باشقا، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىلگىرىلەش جەريانىدا كۈچلۈك بوران ۋە باشقا ناچار ھاۋا كېلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىدى. بۇ ھەقتە ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ ئۆزىدە «ئىراق ئامېرىكا ئۈچۈن ئىككىنچى ۋيېتنام بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ماقالىلار ئېلان قىلىندى.

ئەينى ۋاقىتتا ئىراقنىڭ ئەسكىرىي كۈچى خېلى يۇقىرى بولۇپ، 375 مىڭ نەپەر ئەسكىرى، 2000 دانە تانكىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سادام خەلقتىن ئەسكەر قوبۇل قىلدى ھەمدە ئەھلىسەلىب ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەتراپتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن نۇرغۇنلىغان پىدائىي ئەسكەرلەر كەلدى.

بۇندىن 10 يىل بۇرۇن ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىراق ئارمىيىسىنى 6 ھەپتە ھاۋادىن بومباردىمان قىلىش ۋە 4 كۈن قۇرۇقلۇقتىن ئىلگىرىلەش ئارقىلىق كۇۋەيتتىن تولۇق چېكىندۈرگەن ئىدى. بۇ ھەرىكەت «قۇملۇق بورىنى ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان ئىدى.

كۇۋەيتتىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسىدىن باغدادقىچە بولغان ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىنى كۆزدە تۇتقان ھەربىي ئانالىزچىلار ۋە ئىراق ھەربىي قىسمى 10 يىل بۇرۇنقى قۇملۇق بورىنى ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھۇجۇم ئېلىپ بېرىلىش ئېھتىماللىقىنى، يەنى قۇرۇقلۇق ھۇجۇمىدىن بۇرۇن كەڭ كۆلەملىك ۋە نىسبەتەن ئۇزۇن مەزگىللىك ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقان ئىدى لېكىن ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا كاپىرلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش پرىنسىپى «باغدادقا ئامالىنىڭ بارىچە تېز سۈرئەتتە باستۇرۇپ كىرىش» ئىدى بىراق ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ تېز سۈرئەتتىكى غەلىبىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى چۈنكى ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنىڭ بىخەتەر تۇرۇشى يەنىمۇ كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىغا باغلىق بولۇپ، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن بۇ كاپىر ئارمىيىسىدە ئامانلىق ساقلاشقا يەتكۈدەك ئەسكەر كۈچى يوق ئىدى.